# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى قانۇنى

(2000 ـ يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18-يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**مۇندەرىجە**

1-باب ئومۇمىي پرىنسىپ
2-باب ئورتاق تىل-يېزىقنى قوللىنىش
3-باب باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش
4-باب قوشۇمچە پرىنسىپ

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 - **ماددا**

بۇ قانۇن دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ھەمدە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر، رايونلار ئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن تۈزۈلدى.

2 - **ماددا**

بۇ قانۇندا دېيىلگەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقنى كۆرسىتىدۇ.

3 - **ماددا**

دۆلەت ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقنى يولغا قويىدۇ.

**4 - ماددا**

پۇقرالار دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

دۆلەت پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقنى يولغا قويۇشى كېرەك.

**5 - ماددا**

دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنىڭ قوللىنىشى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

**6 - ماددا**

دۆلەت دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىدۇ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنىڭ جەمئىيەتتە قوللىنىلىشىنى باشقۇرىدۇ، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى ئوقۇتۇشى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىنى قوللايدۇ، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنى قېلىپلاشتۇرىدۇ، بېيىتىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

**7 - ماددا**

دۆلەت دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى ئىشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

**8 - ماددا**

ھەممە مىللەت ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىنى قوللىنىشتا ئاساسىي قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئاساس قىلىنىدۇ.

## 2 - باپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش

**9 - ماددا**

دۆلەت ئورگانلىرى ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ھۆكۈمەت ئىشى تىل-يېزىقى قىلىدۇ. قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**10 - ماددا**

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى تەلىم-تەربىيە ۋە ئوقۇشتا ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئاساسىي تىل-يېزىق قىلىدۇ. قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە بارلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى خەنزۇ تىل-يېزىق دەرسى ئارقىلىق ئۆگىتىدۇ. خەنزۇ تىل-يېزىق دەرسلىكى دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنىڭ قائىدىسىنىڭ ۋە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**11 - ماددا**

خەنزۇچە نەشر بۇيۇملىرى دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنىڭ قائىدىسىگە ۋە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

خەنزۇچە نەشر بۇيۇملىرىدا چەت ئەل تىل-يېزىقىنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى بىلەن زۆرۈر ئىزاھات بېرىش.

**12 - ماددا**

رادىئو ئىستانسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئورتاق تىلنى ئاساسىي ئاڭلىتىش تىلى قىلىدۇ.

چەت ئەل تىلنى ئاڭلىتىش تىلى قىلىشقا توغرا كەلسە، گوۋۇيۈەن رادىئو-

تېلېۋىزىيە تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش شەرت.

**13 - ماددا**

ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپلىرى قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىنى ئاساسىي مۇلازىمەت يېزىقى قىلىدۇ. ئاممىۋى مۇلازىمەت ئېھتىياجىدىن ۋىۋىسكا، ئېلان، ئۇقتۇرۇش،بەلگە تاختىسى قاتارلىقلاردا چەت ئەل يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى بىللە قوللىنىش توغرا كەلسە، قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزقىنى قوللىنىش كېرەك.

ئاممىۋى مۇلازىمەت كەسپلىرىدە ئورتاق تىلنى مۇلازىمەت تىلى قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**14 - ماددا**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا، دۆلەت ئورتاق تىل ـيېزىقىنى ئاساسىي تىل-يېزىق قىلىش كېرەك.

(1) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيەتىل-يېزىقى؛

(2) جامائەت سورۇنلىرىدىكى ئەسلىھە يېزىقى؛

(3) ۋىۋىسكا،ئېلان يېزىقى؛

(4) كارخانا، كەسپىي تەشكىلات نامى؛

(5) چېگرا ئىچىدە سېتىلىدىغان تاۋارنىڭ ئورىلىشى ۋە چۈشەندۈرمىسى.

**15 - ماددا**

ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇچۇر تېخنىكىسى مەھسۇلاتلىرىدا قوللىنىلغان دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى دۆلەتنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆلچىمگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**16 - ماددا**

بۇ بابنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا تۆۋەندىكى ئەھۋال كۆرۈلسە، دىئالېكتنى قوللىنىشقا بولىدۇ؛

(1) دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا قوللىنىش زۆرۈر بولسا؛

(2) گوۋۇيۈەننىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە تارمىقى ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك رادىئو-

تېلېۋىزىيە تارمىقىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاڭلىتىش تىلى قىلىش توغرا كەلسە؛

(3) تىياتىر، كىنو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىدە قوللىنىش زۆرۈر بولسا؛

(4) نەشىر، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئىشلىرىدا قوللىنىش زۆرۈر بولسا.

17 - ماددا

بۇ بابنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا تۆۋەندىكى ئەھۋال كۆرۈلسە، ئاددىيلاشتۇرۇلمىغان خەت، ۋارىيانت خەتنى ساقلاپ قېلىشقا ياكى قوللىنىشقا بولىدۇ؛

(1) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار-ئەتىقىلەر؛

(2) فامىلىدىكى ۋارىيانت خەت؛

(3) ھۆسنخەت، ئويما، نەقىش قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرى؛

(4) بېغىشلىما ۋە ۋىۋىسكا قول يازمىلىرى؛

(5) نەشىر، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئىشلىرىدا قوللىنىش زۆرۈر بولسا؛

(6) گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى تەستىقلىغان ئالاھىدە ئەھۋاللار.

18 - ماددا

دۆلەت ئورتاق تىل -يېزىقىدا «خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى» يېزىش ۋە ترانسكرىپسىيىلەش قورالى قىلىنىدۇ.

«خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھەسى» جۇڭگو كىشى ئىسىملىرىنى، يەر نامىلىرىنى ۋە خەنزۇ ھۆججەت-ماتېرىياللاردىكى رىم ھەرپىنى يېزىشنىڭ بىر تۇتاش قېلىپى. ئۇ خەنزۇچە خەتلەرنى يېزىش قولايسىز بولغان ياكى خەنزۇچە خەتلەرنى قوللىنىشقا بولمايدىغان ساھەلەردە قوللىنىلىدۇ.

باشلانغۇچ مائارىپتا خەنزۇ تىلى فونېتىكىلىق ئېلىپبەسىنى ئوقۇتۇش كېرەك.

19 - ماددا

ئورتاق تىلنى خىزمەت تىلى قىلىدىغان ئىش ئورنىدىكى خادىملار ئورتاق تىلدا سۆزلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئورتاق تىلنى خىزمەت تىلى قىلغان دىكتورلار، پروگرامما رىياسەتچىلىرى ۋە كىنو-تېلېۋىزىيە، تىياتىر ئارتىسلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ پۈتۈڭخوا سەۋىيىسى دۆلەت بەلگىلىگەن دەرىجە ئۆلچىمىگە يېتىشى كېرەك؛ دۆلەت بەلگىلىگەن پۈتۈڭخوا دەرىجە ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ تەربىيەلەش كېرەك.

**20 - ماددا**

سىرتقا قارىتىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئورتاق تىل ۋە قېلىپلاشقان خەنزۇ يېزىقىدا دەرس ئۆتۈش كېرەك.

## 3 - باپ باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش

**21 - ماددا**

دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى خىزمىتىنى گوۋۇيۈەننىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى تارمىقى پىلانلايدۇ، يېتەكلەيدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۆز سىستېمىسىدا دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشىنى باشقۇرىدۇ.

**22 - ماددا**

يەرلىك تىل-يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز مەمۇريي رايونىدا دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشىنى باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

**23 - ماددا**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سودا-سانائەت مەمۇريي باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانا نامى، تاۋار نامى ھەمدە ئېلان قوللىنىلغان تىل-يېزىقنى قانۇن بويىچە باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

**24 - ماددا**

گوۋۇيۈەنىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى تارمىقى ئورتاق تىل سەۋىيىسىنى سىناش دەرىجە ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىدۇ.

**25 - ماددا**

چەت ئەل كىشى ئىسمىلىرى، يەر ناملىرى قاتارلىق مەخسۇس ئىسىم ۋە پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقىدىكى تەرجىمىسىنى بېكىتىشنى گوۋۇيۈەنىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى تارمىقى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

**26 - ماددا**

بۇ قانۇننىڭ 2-بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تىل-يېزىقنى قوللىنىشتا دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنىڭ قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىگە ئەمەل قىلمىغانلارغا پۇقرالار تەنقىد ۋە تەكلىپ بەرسە بولىدۇ.

بۇ قانۇننىڭ 19-ماددا 2-تارمىقىدا كۆرسىتىلگەن خادىملار تىل ئىشلىتىشتە بۇ قانۇننىڭ 2-بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا، ئالاقىدار ئورۇنلار بىۋاستە جاۋابكارغا تەنقىد-تەربىيە بېرىدۇ؛ تۈزەتمىگەنلىرىنى ئالاقىدار ئورۇن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

شەھەر ئاممىۋى سورۇنلىرىدىكى ئەسلىھە، ۋىۋىسكا، ئېلان يېزىقىدا بۇ قانۇننىڭ 2-بابىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى تۈزىتىشكە بويرۇيدۇ؛ تۈزەتمىگەنلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەمدە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

**27 - ماددا**

بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقنى ئۆگىنىشى ۋە قوللىنىشىغا كاشىلا قىلغانلارنى ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئاگاھلاندۇرىدۇ.

## 4 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**28 - ماددا**

بۇ قانۇن 2001-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

مەنبە: غۇلجا شەھەرلىك ھۆكۈمەت تور بېتى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: مەنزىل گۇرۇپپىسى